# 13369 ـ ساپا ـ مەرۋىنى تاھارەتسىز سەئيى قىلىش توغرىسىدا

## سۇئال

ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىۋاتسام تاھارىتىم بۇزۇلدى، تاھارەت يېڭىلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا قادىر بولالمىدىم، ۋىدا تاۋاپىي قىلىۋاتقاندىمۇ شۇنداق ئىش يۈز بەردى، تاھارەت

بۇزۇلغان ھالەتتە تاۋاپ قىلغان ۋە سەئيى قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. ئالللاھ ياخشى مۇكاپات بەرسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەتسىز بولسىمۇ ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا قىلغان سەئيىيڭىز توغرا بولىدۇ، چۈنكى سەئيى قىلىش ئۈچۈن تاھارەتنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس، ئەمما ۋىدا تاۋاپىغا كەلسەك، قىلغان ۋىدا تاۋاپىڭىز توغرا بولماپتۇ، چۈنكى تاۋاپنىڭ سەھىھ بولۇشىدا تاھارەت شەرتتۇر. ئەگەر سىز مەككىدە بولسىڭىز ۋىدا تاۋاپىنى قايتىدىن قىلىڭ، ئەگەر يۇرتىڭىزغا سەپەر قىلغان بولسىڭىز سىزگە بىر قوي جازا كېلىدۇ. بۇنى مەككىدە ئۆلتۈرۈپ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئالللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.